# ئەشۇ يىللاردا

**( مەرھۇم ئەخمەتجان قاسمى ھەققىدە كۆرگەن ـ بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمدىن ئەسلىمە )**

**ئەرشىدىن تاتلىق**

**تورغا يوللىغۇچى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتىدىن niyazdixan ئەپەندى**

ھەر بىر مىللەت ۋە ھەر بىر خەلقنىڭ مەڭگۈ ئەزىزلەپ ياخشى كۆرۈپ ئەسلەيدىغان ، قەدىرلەيدىغان سۆيۈملۈك كىشىلىرى بولىدۇ .

مانا شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى ، بىزنىڭ قەدىردان رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمدۇر . ئۇنىڭ زېرەكلىكىنى ، بىلىم ۋە قابىلىيىتىنى ، ھەربىي ئىستىداتىنى ، ناتىقلىق ماھارىتىنى دوستلىرىلا ئەمەس ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلغان ئىدى .

1945-يىلىنىڭ ئاخىرى ئايلىرى ئىدى . مەن غۇلجا شەھىرىدىكى جاللاپ ھاجىمنىڭ قورۇسىغا جايلاشقان ھەربىي دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقىشىم كېرەك ئىدى . شۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىدە بىرمۇ تونۇشۇم يوق ئىدى .

بۇ دوختۇرخانىدا كېزىك بىلەن ئاغرىپ كىرگەن ئىكەنمەن . لېكىن مېنى كىم جايلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتىم .

بىر كۈنى بۇ يەرگە مەرھۇم پودپولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى كىرىپ كەلدى . ئۇ كىشى بىزنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن خادىك ھارۋا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن . مەرھۇم مەن بىلەن بىللە ئاقسۇدىن يەرلىك « پىدايى » قىسىمدا كوماندىر ئىزۋوت يارىدەمچىسى بولۇپ چىققان روزى تۆمۈر دېگەن ئوقۇتقۇچىنى شىپاخانىدىن ئېلىپ چىقتى . بىزنى توغرا كۆۋرۈكتىكى مامۇت ھاجىمنىڭ نومۇرى ( مېھمانخانىسى ) غا ئېلىپ كېلىپ 2-قەۋەتتىكى دەرىزىسى ھويلىغا قارايدىغان بىر ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇردى .

بۇ يەردە بىز بىلەن بىللە ئاقسۇ كونا شەھەر ۋە باي ناھىيىلىرىدىن 1945-يىلى بىرىنچى ئۆكتەبىردە بۇيرۇق بويىچە غۇلجىغا چېكىنىپ چىققان بىر قىسىم كىشىلەر بار ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدە پېشقەدەم شائىر ، مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ كونا جەڭچىسى ، تارىخچى ، جامائەت ئەربابى ، مىللىي ئارمىيە كاپىتانى نىم شەھىت ئەرمىيە ئېلى سايرامىمۇ بار ئىكەن . بۇ كىشىنىڭ ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا دادام تاتلىق ئاخۇن ، تاغام مەمەتنۇر موللا مۇسا ئوغلى بىلەن باردى-كەلدىسى بار ئىدى . بىز كۆرۈشۈپ ئامانلاشتۇق . ئۇ كىشىمۇ بويتاق بولۇپ شۇ يەردە ئىكەن .



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۈچ ۋاقىتلىق تامىقىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاشخانىسىدىن مەخسۇس بىر ئاشپەز يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن .

بىز بۇ يەرگە كېلىپ 2-كۈنىدىن كېيىن كاپىتان شائىر ئەرمىيە ئېلى جىنىڭ ، شىخۇ ، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى كۈرەش قەھرىمانلىرىنى ، جەڭلەرنىڭ تارىخىي خاتىرىسىنى ، ئاممىنىڭ جەڭچىلەرگە ماسلىشىپ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى يېزىش ئۈچۈن تەشكىل قىلىنغان بىر گۇرۇپپا كىشىلەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى . شائىر ئەرمىيە ئېلىنى شۇ يەرلىكلەر ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇق . ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى . بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا قاسىمجان قەمبىرى يېتىپ كەلدى .

-قېنى ، تەييارلىنىپ مەن بىلەن بىللە مېڭىڭلار ! - دەپ ئىككىمىزنى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت بىناسىغا باشلاپ باردى . بۇ يەر بۇرۇن گومىنداڭ ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىكەن . قاسىمجان قەمبىرى شۇ چاغدا ئىلى ئازاد رايون ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلار ئىشخانىسىغا مەسئۇل ئىكەن . بىزنى ئۇدۇللا ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى . بۇ يەردە يەرلىك ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىن ياشقىنا بىر يىگىت ، ئاقسۇ كونا شەھەرلىك ئابدۇۋاھىت روزى ( ئازادلىقتىن كېيىن « شىنجاڭ گېزىتى » دە مۇھەررىر ، كېيىن كۇچار نەسىللىك قوي فېرمىسىدا باشلىق بولۇپ ئىشلىگەن ، « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دا ئۆلتۈرۈلگەن . يازغان ھېكايىلىرى بار ) دېگەن چارۋا تېخنىكىمۇ ئىشلەيدىكەن.

ئۇلار بىز بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ، بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . ئالدىمىزغا چاي قۇيدى . كېيىن ئىككىمىزگە كادىرلار ئانكىتى بەردى . روزى تۆمۈر ئىككىمىز قارىمۇ قارشى ئولتۇرۇپ ئانكىتنى تولدۇرۇپ بەردۇق .

قاسىمجان قەمبىرى ئانكىتنى قولىغا ئېلىپ كۆزىتىپ چىقىپ كەتتى . ھايال قىلمايلا مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ خوشال كىرىپ كېلىشتى ۋە بىزگە قاراپ :

يۈرۈڭلار يىگىتلەر دەپ بىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى . بىز كادىرلار بۆلۈمىدىن چىقىپ ، خۇددى شۇ بىناغا ئوخشايدىغان ئايرىم بىر كورپۇس بىناغا كىردۇق . بۇ ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى ئىكەن .

پەلەمپەي بىلەن چىقىپ ، سىرتقى ئىشىكتىن كىرىش بىلەن كۆزىمىز سىرتقا قاراپ ئېچىلغان تۇرغان يەنە بىر ئىشىككە چۈشتى . ئارىدا سولغا كەتكەن كىچىككىنە بىر كارىدور بار ئىكەن . ئىچكىرىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى . تام مەشتىن چىققان ئوتنىڭ تەپتى كارىدورنىمۇ ، ئۆينىمۇ ئىسسىتىۋەتكەنىدى . ئىچكىرىدىكى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە يانداپ قويۇلغان ئىككى ئىش ئۈستىلى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىككى ھەربىي كىشى جىددىي ئىشلەۋاتاتتى . بۇلارنىڭ بىرى

پودپولكوۋنىك ، يەنە بىرسى كاپىتان ئىدى .
بىزنىڭ ئالدىمىزدا بۇ ئۆيگە كىرگەن ئابباسوپ بىلەن قاسىمجان قەمبىرى بۇ ئىككى ھەربىي كىشى بىلەن ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشمىگەن كىشىلەردەك قول ئېلىشىپ سەمىمىي ، دوستانە ، خۇشخۇي چاقچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى .
كېيىن قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ پودپولكوۋنىك كىشىگە بىزنى كۆرسىتىپ :
ئەپەندىم ، بۇ ئىككى كىشىنى سىزنىڭ قوبۇل قىلىپ ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىشىڭىزغا ئېلىپ كىردۇق ، دېيىشتى .
بىز ئىككىمىز ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆلاردىن 3-4 قەدەم بېرى تۇرغانىدۇق . ئەپەندىم بۇرۇلۇپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلدى . بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ :
كېلىڭلار ، دەپ ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلدى . بىز سەل تارتىنىپ ، ئەمما ھەربىي قائىدە بويىچە يېنىك ۋە پۇختا قەدەم بىلەن ئۇستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرسەتكەن ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق . ئەپەندىم ئىككىمىزگە ئۇستەلنى كۆرسىتىپ :
يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇڭلار ! .... مانا بۇ قەغەزگە : « بىز ئاقسۇ پارتىزان قىسمىدىن » دەپ يېزىڭلار !.... دېدى.
دېمەك ، بۇ ئەپەندىم بىزنىڭ نەدىن ۋە قانداقلارچە بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى بىلىدىكەن ، ئىككىمىزگە ئىككى پارچە ئاق ، سىزىقسىز قەغەز ، قېرىنداش ، قەلەم بەردى . بىز يازدۇق . خېتىمىزنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ :
خېتىڭلار ياخشى ئىكەن ، دەپ ماڭا بۇرۇلۇپ ، سىزنى شىخۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە مەسئۇل كاتىپ قىلىپ ئەۋەتسەك ، بارامسىز ؟!... دېدى . مەن سەل ئەيمىنىپ تۇرۇپ :
ياق ، ئەپەندىم !... مەسئۇل كاتىپلىقنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن . قولۇم قەلەمگە قارىغاندا مىلتىققا خېلى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قاپتۇ !.... دەپ جاۋاپ بەردىم .
ئەپەندىم يېنىمدىكى روزى تۆمۈرگە قارىدى ۋە :
- سىزچۇ ؟! ..... سىزنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە كاتىپلىققا ئەۋەتسەك بارامسىز ؟!- دەپ سورىدى . روزى تۆمۈر مۇلايىملىق بىلەن :
- باراي ئەپەندىم !..... دەپ قىسقىلا جاۋاپ بەردى . ئەپەندىم ماڭا قاراپ :
- سىزنىڭ كىيىمىڭىزنى يەڭگۈشلەش كېرەك ئىكەن ، - دەپ ئۇستەلگە بېرىپ خەت يېزىشقا كىرىشتى . خەتنى تۈگىتىپ ئاخىرىغا ئىمزا قويدى .
- بۇ خەتنى ئېلىپ ساي بويىدىكى كونا سەرەڭگە زاۋۇتى ئورنىغا جايلاشقان ھەربىي تەمىناتقا

بېرىك . مېنىڭ ھېسابىمغا ، سىزگە بىر كىشىلىك ئىچكى ـ سىرتقى كىيىم ـ كېچەك ، تەمىنات قەغىزى ( ئاتىستات ) بېرىدۇ . ئۇنى ئېلىپ ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورنىڭىزدا بىر ھەپتە دەم ئېلىڭ ...! كېلەر ھەپتە خۇددى بۈگۈنكى كۈندە ، مۇشۇ سائەتتە كېلىپ ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش بۇيرۇقىنى ئېلىڭ !ـ دېدى .

ئاباسوپ بىلەن قاسىمجان قەمبىرى روزى تۆمۈرنى باشلاپ ، ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت ئومۇمىي ئىشلار بۆلۈمىگە خىزمەتكە يازدۇرۇپ بېرىشكە كېتىشتى .

ئەپەندىم سىرتقا چىقىشىمىزغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن خادىمقا قاراپ ماڭدى . شۇ چاغدا ھېلىقى كاپىتان بۆلۈمدىن چىقىپ :

ئەخمەت ئەپەندىم ، چۈشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلەمسىز ؟ ـ دەپ سورىدى .

ـ ياق ، كاپىتان !ـ دېدى ، ئەپەندىم يېنىك تەلەپپۇزدا ، ـ مەن كېسەل يوقلىغىلى بارىمەن . چۈشتىن كېيىن كېلەي ......

كىشىلەر ئارىسىدا ئىسمى سەممىي ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ ، قىسقا ـ قىسقا سۆھبەتلەردە بەكمۇ يېقىملىق تۈيغۇ بىلەن تەكرارلىنىدىغان ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ شۇ كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغدا مەن نەدىن بىلەي !......

شۇنداق قىلىپ ، غۇلجا شەھەرلىك گارنىزون كومەندانتىنىڭ كاتىپلىقىغا ئورۇنلاشتىم . ئۇ چاغدا بۇ ئورۇن غۇلجا شەھرىنىڭ بويىنكېسىك دېگەن يېرىگە چىقىدىغان كوچىدىكى مۇسابايوپلارنىڭ بانكا قىلغان كونا قوراسىدا ئىدى .

شۇ كۈنلەردە ئەخمەت ئەپەندىم بىر نەۋرە ئىنىسى سادىق بىلەن خانىمى ماھنۇر خانىمنىڭ ئاكىسى رۇستەمنى تولۇق ھەربىي فورما بىلەن . غۇلجا شەھەرلىك كومەندانتىقا ئېلىپ كەلدى .

ـ يېقىندا گومىنداڭ ۋەكىلى بىلەن ئۆتكۈزىلىدىغان سۆھبەتكە ئۇرۇمچىگە بارىمەن ، سۆھبەت بىر تەرەپ بولغىچە بۇلار سىزلەرنىڭ قىسمىدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالسۇن . خىزمەت قىلسۇن ، پىششۇن ، چېنىقسۇن ، تاۋلانسۇن ! ـ دەپ تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتتى .

ئۇلار شۇ كۈنىلا ئىزۋوتلارغا تەقسىم قىلىندى . كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم بىزگە : « بۇلارغا باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭلار ، ۋەزىپە تەقسىم قىلىشتا ، ھەربىي مەشقلەردە ئۇلارنىڭ كۆزىگە ياكى مېنىڭ يۈزۈمگە قارىماي ، تەلەپچان ، ئىنتىزامچان قاتتىق قول بولۇڭلار ! ھەربىي ، سىياسىي ئۆگىنىشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇڭلار ! پولاتتەك ئىنتىزامدىن ئالتۇندەك نەتىجە غەلىبە بارلىققا كېلىدۇ !...... ئۇلار تېخى ياش ، ئۆگەنسۇن ، باشقىلار بىلەن تەڭ جاپا تارتىپ تەڭ دەم ئالسۇن . نۆۋەت كەلگەندە ئۆيگە چىقسۇن ، بولمىسا گازارمىدا كۆپچىلىككە ئوخشاش دەم ئالسۇن !» دەپ

خەت يازغىنى ھېلمۇ ئېسىمدە .

ئۇلار بىتىم ئىمزالانغانغىچە كومندانىتتا شۇ تەلەپ بويىچە ئىشلىدى ، ئۆگەندى . بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن يەنە ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى كېلىپ ئېلىپ كەتتى .

+ + + +

1946-يىلى ئىيۇن ئايلىرى ئىدى . ئاقسۇدىن چىققانلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن غۇلجىغا چىقىپ ھەربىي ، ساقچى ، مەمۇرىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلارنى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تىرەكلىككە يىغدى .

چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئىككى مەزگىلى ئىدى .ھاۋا ئوچۇق . بىزگە قىلىنغان ئۇقتۇرۇشتا : « گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن ئىلى تەرەپ خەلق ۋەكىللىرى تۈزگەن 11 ماددىلىق بىتىم توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات بېرىلىدۇ ..... «دېيىلگەن ، ئەمما دوكلاتچىنىڭ ئىسمى ئېيتىلمىغانىدى .

بۇ يەرگە يىغىلغانلار 70 تىن ئارتۇق كىشى ئىدۇق . دوكلاتچىنى كۈتۈپ تەقەززالىق بىلەن ئولتۇردۇق بىردىنلا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى . ئۆزى يالغۇز ئىدى . بېشىدا گۈللۈك ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك مانچىستىر دۇخاۋا دوپپا ، ئۇچىسىدا شىم-كاستۇم ، رەڭلىك گالىستۇك تاقىغان ئايىغىدا يېڭىك شىبلىت ، مەيدىسىدە شۇ چاغلاردا تارقىتىلغان « ئازادلىق » ئوردېنى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى .

مەن مۇشۇ ئوردېن توغرىسىدا بولغان مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم . شۇ سۆز بىردىنلا ئېسىمگە كېلىپ قالدى . كىمدۇر بىرى ( ھازىر ئېسىمدە يوق ) ئەخمەت ئەپەندىمدىن :

- ئەپەندىم ! سىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئوردېنلىرىڭىزمۇ بارغۇ ، نىمىشقا ئۇلارنى تاقىماي ، مۇشۇ ئوردېننىلا تاقايسىز ؟ - دەپ سورىغان ، ئەخمەت ئەپەندىم ئۇ كىشىگە :

- مېنىڭ ئۈچۈن خەلقىنىڭ ئازادلىقى كۆپايە ... بۇ ئوردېنىنى دەل شۇ سەۋەپتىن ئەتىۋارلاپ تاقايمەن !...... دەپ جاۋاپ بەرگەن .

ئەپەندىم ئالدىمىزغا كەلدى .... بىز گۈررىدە ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق . ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، تۇغقانلار ، جەڭچىلەر ، كوماندىرلار ، ئەپەندىلەر ، خانىملار ، ئىشچى - خىزمەتچى دوستلار ! ،- دېدى ئەپەندىم .

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! - دەپ جاۋاپ بەردى بىزدىن بۇرۇن سېپىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىككى مويسىپىت كىشى . بۇلارنىڭ بىرسى ، بىز ئاقسۇ كونا شەھەرنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىدىن ئازاد قىلغاندا ، يەرلىك كىشىلەردىن سايلانغان 35 كۈنلۈك ھاكىم شايىپقارى ھاجى ( بىتىم بويىچە

تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاقسۇ ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇمنىڭ مۇئاۋىنى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋاپات بولغان ) دېگەن خەلقچىل زات ئىدى . بىز ئۇ كىشىنى ھاكىم قىلىپ سايلىغاندا تۇرمىدىن چىققىنىغا بىرنەچچە كۈن بولغان ئىكەن . ئۇ كىشى بوز دۆڭدىن كېلىپ تۆز ئاۋاتتا ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ، قاسىمجان قەمبىرى ، سوپى ئاخۇنلار باشلاپ چۈشكەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشۇلغان . يەنە بىرى مۇئاۋىن ھاكىم ، ئاقسۇ كونا شەھەرلىك مۇھەمەتنىيازخان داموللا دېگەن مەرىپەتپەرۋەر ، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ، ناتىق ، ئالىم كىشى ئىدى . بۇلارمۇ بىز بىلەن بىللە چىققان ۋە ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كۈتۈلۈۋاتقانلاردىن ئىدى . شۇ يەردىكى ھەربىيلەرمۇ قائىدە بويىچە تىك تۇرۇپ ، كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ سالامغا جاۋاپ بەردى .

ـ ئولتۇرۇڭلار ، ئولتۇرۇڭلار ! .... كەڭ كۈشادە سۆزلىشەيلى ! ـ دېدى ئەخمەت ئەپەندىم بىزگە . بىز ئەگمەچ ئۈچ بۇرجەك سەپ ھاسىل قىلىپ ئولتۇردۇق . ئەخمەت ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى باشلىدى .

بۇ يەردە پەقەت ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ يادىمدا قالغان مەزمۇنلىرىنىلا بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتىمەن . شۇنداق قىلىپ ، بىز خەلق ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ ئەپەندى بىلەن 11 ئاي سۆھبەت قىلدۇق . بۇ جەرياندا ئۇلار بىزنى 120 سائەت سۆز بىلەن بومباردىمان قىلدىن . بىزمۇ ئۇلارنى 120 سائەت گەپ بىلەن بومباردىمان قىلدۇق . ئۇلار بىزنىڭ قويغان دەلىل ـ ئىسپات ، كۆرسەتكەن ھۆججەتلىرىمىزگە قايىل بولدى . شۇ چاغدا گومىنداڭ تەرەپ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ ئەپەندى مەندىن :

سىزلەر بۇ ئۇستىلىقنى نەدىن ئۆگەندىڭلار !ـ دەپ سوراپ قالدى . مەن ئۇنىڭغا »تۆلكىنىڭ تەقسىماتى «دېگەن مەسەلنى ئېيتىپ بەردىم .

بىزنىڭ ئارىمىزدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى . كېيىن غۇلغۇلىغا ئايلىنىپ كەتتى . ئولتۇرغانلار سورۇننى قىزىتىۋەتتى . ھەممە كىشىنىڭ چىرايىنى تەنتەنە ۋە ھاياجان قاپلىغانىدى . شۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندىم :

بىز يەنە ئۇزۇن سۆھبەتمىزگە قايتىپ كېلەيلى !...... شۇنداق قىلىپ 11 ماددىلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە قوشۇمچە ماددىلىرىمۇ تۈزۈلدى ، ئىمزا قويۇلدى ، تەستىقلاندى ۋە تەستىقنامىلىرىمۇ ئالماشتۇرۇلدى . پات ئارىدا ئېلان قىلىنىدۇ . گېزىت يۈزىدە كۆرىسلەر .

بۇ تۈزۈلگەن بىتىم بويىچە ، پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلىپ ، تىنچلىق ئەسلىگە كېلىدۇ . خەلق ھەر جەھەتتىن ئەركىنلىك بىلەن تەمىن قىلىنىدۇ . مىللەتلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىدىن

قەتئىينەزەر ، ئىش يۈزىدىكى ۋە سىياسىي ھاياتىدىكى ئورنى ھەم باراۋەرلىكى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ . ئانچە ئۇزۇنغا بارماي پۈتۈن ئۆلكە بويىچە دەسلەپتە بىر قېتىم ئومۇمىي خەلق سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ . خەلقچىل سىياسەتنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق پۈتۈن خەلق ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا ، ئۆزلىرىگە ئۇزۇل كېسىل خىزمەت قىلىدىغان ، خەلقنى سۆيىدىغان خەلقنىڭ ھوقۇق ، مەنپەئەتلىرىنى جان تىكىپ ھىمايە قىلىدىغان ، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى باش تارتماي كۆپلەپ ئىشلەيدىغان ، ۋىجدانلىق ، ئەخلاقلىق كىشلەرنى سايلايدۇ .

بىتىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، ھازىرقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىلىپ ، قايتىدىن ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىدۇ .

ئەندى گەپ بىتىمنى قانداق تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىشتا قالدى . ئۇلارنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلىقى قىيىن . چۈنكى بىتىم ۋە ئۇنىڭدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئۇلارغا ياقمايدۇ . بۇنى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ۋە ماھىيىتىدىن كۆرۈش كېرەك . بىز قەتئىي ۋە ئۇزۇل ـ كېسىل ئىجرا قىلىمىز . ئۇلار تەلتۆكۈس ئىجرا قىلمىسا ، بىز ھەيدەكچىلىك قىلىمىز ، توقۇنۇشقان ئىككى تەرەپنىڭ ھازىرقى ھالەتتىكى چېگرا سىزىقى بىكار قىلىنىدۇ . بىز ئۇرۇشتا ئەسىر ئالغان كىشلەرنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز . ئۇلارمۇ تۈرمىدىكى بارلىق سىياسىي جىنايەتچىلەرنى شەرتسىز بوشىتىپ ئۆز جايلىرىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ . خەلقنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش ، كۆچۈش ، سايلامغا قاتنىشىش ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ، پىكىر ، مەتبۇئات ، نامايىش قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىن تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ . سىياسىي ساقچىلار تارقىتىلىدۇ . ھەرقانداق ئورۇننىڭ خەلقنى ئۆزى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشى ، قاتىللىق قوراللىرىنى ئىشقا سېلىشى ، جىسمانىي ئازاب بىلەن قىيناشلىرى قاتتىق چەكلىنىدۇ ۋە مەنئىي قىلىنىدۇ . بۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەرقايسىڭلارنى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ ، خىزمەت بىلەن يۇرتۇڭلارغا قايتۇرىدۇ . ھازىر قىسمىدا ئىشلەۋاتقان ھەربىي يولداشلار ، كېيىن بىتىم بويىچە جەنۇبتا مىللىي قوشۇن تەشكىل قىلىنغان چاغدا يۆتكىلىدۇ . ئۆز جايلىرىڭلارغا بارغاندىن كېيىن بىتىمنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىرى ، ئىجراچىلىرى بولۇشۇڭلارنى سەممىي ئۈمىت قىلىمەن .

پىكىر۔ تەكلىپلىرىڭلار بولسا تارتىنماي ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭلارنى سورايمەن ... ـ دېدى ئۇ ئاخىرىدا . ھەممىمىز قاتتىق ھاياجان بىلەن چاۋاك چېلىپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق .

ـ ئولتۇرۇڭلار ! ئولتۇرۇڭلار ! يەنە بىر ئاز ۋاقىت بار ئىكەن ، پىكىر ـ تەلەپلىرىڭلار بولسا ئاڭلاي !ـ دېدى ئەخمەت ئەپەندىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ .

شۇ چاغدا سىپپىمىزدىكىلەردىن تۇردى يۇنۇس دېگەن بىر يىگىت قوزغالدى .



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ــــ۔ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ـ مېنىڭ پىكرىم بار ! ـ دېدى ئۇ .

ـ ھە .... ھە ، قېنى سۆزلەڭ ! دېدى ئەخمەت ئەپەندىم .

ـبىز ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇش ۋە بەلگىلىمىسىگە بويسۇنۇپ ، ئۆز جايلىرىمىزغا خىزمەتكە بارساق ، ئۇلار كۆرۈنۈشتە ئۇقتۇرۇشقا ئەمەل قىلىپ ، بىزگە « ئوبدان كەپسىلەر ـ ! ...»دەپ بەزىبىر ئىشلارنى قىلىشقا يول قويىدۇ . ئەمەلىيەتتە بولسا « ھە ! قولغا چۈشتۈڭلارمۇ ، نوچىلار !... » دەپ ، بىزنىڭ ئىزىمىزغا چۈشۈپ ، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ ، ئورنىمىزنى كولايدۇ . ئەپلەپ ـ سەپلەپ شەرتىمىزنى ھازىرلاپ ، تەۋقى لەنەتتىن بىرنى توقۇيدۇ . كەشمىزنى ئاسانلا توغرىلايدۇ . بۇ چوقۇم ، ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئادەتلەنگەن . بىزگىمۇ شۇنداق قىلسا قانداق قىلىمىز ؟!ـ دەپ سورىدى.

ـ قورقۇۋاتامسىز ؟! ـ دەپ ئۇ كىشىگە قارىدى ئەخمەت ئەپەندىم . سوئال سورىغۇچى :

ـ ئۇلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا توقۇپ چىقىرىدىغان كارخانىسى بار ، قورال ـ ياراقلىق ئىگە ئەسكەرلىرى بار ، ئۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەيدىغان بىزنىڭ قولىمىزدا ئۇقتۇرۇشتىن باشقا نەرسە يوق ، قورقماي بولمايدۇ ، ئەپەندىم ، ـدېدى . ئەخمەت ئەپەندىم :

ـ قورقماڭ ! قورقۇنچاقلار بىزگە دوست بولالمايدۇ . ئۇلارنىڭ قولىدا قورالىق ئەسكىرى ، تۈرمىسى ، ئاغزىدا پىتنىسى بولسا بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز خەلق . بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلىگۈچىلەرمىز يەنى خەلقنىڭ چاكىرى . شۇنداقلا ئىنقىلابچىلارمىز . ئىنقىلابچىلاردا ھەممىشە بىر ئىنقىلابچىغا خاس جەسۇرلۇق ، سەزگۈرلۈك بولۇشى كېرەك . بىز سەزگۈر مەسئۇلىيەتلىك بىلەن خەلق ئۈچۈن يۈرەكلىك ئىشلىسەك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمتەر بولۇپ ، ئاممىا بىلەن بىرلەشسەك ، ئاممىدىن ئۆگەنسەك ، ئاممىغا يۆلۈنسەك ، ئاممىا بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كېتەلىسەك ھەر قانداق ئەكسىيەتچى بىزنى ھېچ نېمە قىلالمايدۇ . ئەكسىچە ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يىتىم قالىدۇ ، ـ دېدى .

سوئال سورىغۇچى رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ :

ـ رەھمەت ، ئەپەندىم ، چۈشەندىم ، ـ دېدى .

شۇ چاغدا قاتارىمىزدىن يەنە بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى .

ـبۇ بىتىمگە يېزىلغان قارىسى سىيا ، ئېقى قەغەزدىنلا ئىبارەت ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بولسا ئالدامچىلىقتا ئۇچىغا چىققان نېمىلەر . مۆرىتى كەلسە ، ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىسىنى ئالداپ ، ئېلىپ چىقىپ سېتىۋېتىدۇ ياكى ئورىغا ئىتتىرىۋېتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى « ھارۋىدا يۈرۈپ توشقان تۇتىدۇ »دېيىشىدۇ. ئۇلار بىز قان تۆكۈپ ، قۇربان بېرىپ ، ئىنقىلاب قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن ئازغىنە ھوقۇقىمىزنى تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ، قولىدىن كەلگەن بارلىق . ئەسكىلىكلەرنى

قىلىپ كۆردى . ئەپلەشمىگەندىن كېيىن ، كونا ھېيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئىشلىتىپ ھارۋىدا توشقان ئوۋلىغىلى چىقتى . ئۇلار سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بېتىمگە قول قويغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ، ئۆزلىرى بەرگەن ۋەدىسىنىڭ بىرەرسىدىمۇ تۇرمايدۇ . « مەن ئۆز ھاياتىمدىن كۆرە سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردىن كۆپرەك ئەنسىرەۋاتىمەن ، ـ دېدى .

ـ توغرا ، دېدى ، ئەزىمەت ئەپەندىم سالماق ھالدا ، ـ ئۇلار سىز دىگەندەك ئالدامچىلىقتا داڭ چىقارغان . ئەمما بىزنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدىغان ئانالىز پىچىقىمىز بار . بىز يىتىم ھەققىدىكى سۆھبەت باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ، ئۇلار كۆتىرىپ چىققان ساختا نۇقتىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەشۇ ئانالىز پىچىقى بىلەن پارە ـ پارە قىلىپ ، ئۆز قولىغا تاشلاپ بېرىپ كەلدۇق . بىتىم ھەرگىزمۇ نۇقتا ئەمەس . بەلكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ، قوراللىق كۇرەشتىن كېيىن ئېلىپ بارغان سياسىي كۇرەشنىڭ يەكۇنى .

»ھارۋىدا توشقان تۇتۇش » مەسلىسىگە كەلسەك ، بۇ ئۇلارنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن كونا ئۇسۇلى . بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئۇسۇل كارغا كەلمەيدۇ . ئەگەر ئۇلار يەنە كونا مۇقامغا دەسسەش خام خىيالىدا بولىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئويغانغان خەلق ئاممىسىنىڭ غەزەپ ـ نەپرەت دېڭىزىدا چوقۇم غەرق بولىدۇ.

بىزنىڭ ھاياتىمىزدىن ئەنسىرىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت . مەن بېشىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ چىقىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان . قورقۇنچاقلىق بىر ئىنقىلابچىغا خاس خىسلەت ئەمەس . خەلقىمىزدە : « باتۇر ئۆمرىدە بىرلا ئۆلىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈمى خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ . خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ ، قورقۇنچاق كۈندە مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلىدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ .. »دېگەن تەمسىل بار . ئەگەر مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بەدىلىگە ئازادلىق ، ئەركىنلىك كېلىدىغان بولسا ، بۇنداق ئۆلۈمگە ھېلىمۇ مەن خوشال ـ خۇرام ھالدا كۆكسۈمنى كېرىپ بارىمەن ! ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سوئال سورىغۇچىمۇ ، جاۋاپ بەرگۈچىمۇ جىم بولدى . سۆھبەت مەيدانىنى جىمجىتلىق قاپلىدى . باشقا سوئال سورىغۇچىمۇ چىقمىدى . يىغىننى ئاخىرلاشقان ھېساپلاپ ، ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق . ئەخمەت ئەپەندىمنى چۆرىدەپ تېرەكلىك باغدىن يېنىپ چىقتۇق .

ـ1949يىلنىڭ ئاپرېل ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى . ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كاتىبات بۆلۈمىدە كۆچۈرگۈچى كاتىپ ئىدىم . بىر كۈنى « ئىتتىپاق » غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ھەسىنىم پالتابويوپ ، مەسئۇل كاتىپى خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوپلار ئىمزا قويغان بىر ئۇقتۇرۇش كەلدى . ئۇنىڭدا ، « 8ـئاپرېل مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىغا تۆت يىل توشقان خاتىرە كۈن . شۇ مۇناسىۋەت



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ــــــھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

بىلەن يۇقۇرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بارلىق ‹ ئىتتىپاق › ئەزالىرى ۋە ئىشچى ، خىزمەتچى ، كادىرلارنى ۋە خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ئىلى ئايدۇرىمنىڭ يېنىدا كۆچەت تىكىش پائالىيتى ئېلىپ بارماقچىمىز . سىزلەرنىڭ 9ـ يەرلىك تەشكىلاتىدىكى يولداشلار ‹ ئىتتىپاق › مەركىزىي كومىتېتىدىكى يولداشلار بىلەن بىر ئورۇندا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ .

ـ8ئاپرېل ئەتىگەن سائەت 8 دە ‹ ئىلى مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى › بىناسى ( بۇ مەكتەپ كېيىن ‹ ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى › دەپ ئۆزگەرتىلگەن ) غا يېتىپ كېلىڭلار ، شۇ يەردىن بىرلىكتە ئىش مەيدانىغا بارىمىز !....   «دېيىلگەنىدى .

8ـ ئاپرېل كۈنى ئەتىگەندە بىز كىشلىرىمىزنى تولۇقلاپ سەپكە تىزىلدۇق . بىلىم يۇرتىنىڭ سايىبويى تەرەپتىكى دەرۋازىسىدىن مەكتەپ هويلىسىغا كىرگىنىمىزدە ، ئەخمەت ئەپەندىم هويلىغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قىزغىن سۆزلەۋاتقانىكەن :

ـ بىز ئىنقىلاب ئوچىقى بولغان غۇلجا شەھرىنى گۈزەل ، زامانىۋى تۈسكە ئىگە ، باغۇ بوستانلىق كۆركەم مەنزىرىلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز .....

.. قېنى يولداشلار ، خىزمەتداشلار ، دوستلار ! ئىش مەيدانىغا قاراپ قەدەم تاشلايلى ! ئىش ، ئەمگەك بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .

كۆچەت تىكىش مەيدانىغا بىرپىلا ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا ئۆزىمىزنى تىزىملاتتۇق . ئۇ يەردىن بىر كىشى بىزنى ‹ ئىتتىپاق › مەركىزىي كومىتېتى ئىشلەۋاتقان ئورۇنغا باشلاپ باردى .

ئۇ يەردە ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ‹ ئىتتىپاق › باش ئاپپاراتىنىڭ ھەممە كادىرلىرى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى جىددىي ئەمگەك تەييارلىق قىلىشۋاتقانىكەن.

بىزنى 2ـ3 تىن قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ گۇرۇپپىلىرىغا قوشۇۋەتتى . ئەخمەت ئەپەندىمۇ بىزنىڭ يېنىمىزدىكى بىر گۇرۇپپىدا ئاددى گۇرۇپپا ئەزاسى سۈپىتىدە ئەمگەككە قاتناشتى . ئىككى سائەتچە بىللە ئىشلىدۇق . بۇ ئىككى سائەت ئەمگەك تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى بىردىن سەۋەبچىسى ، ئەلۋەتتە ئەخمەت ئەپەندىم ئىدى . مەرھۇمنىڭ جۈملىلىرى قىسقا ئەمما مەنىلىك ، ئىخچام ، يېنىك ، ئىستىھزالىق لەتىپە خاراكتېرلىق چاقچاقلىرى ، چىرايلىق ، جانلىق ئوخشىتىشلىرى ، بەزەن جاراڭلىق كۈلۈشلىرى ، شىددەت بىلەن چاپقان گۈرجەك ، جوتو ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بەزىدە بىزمۇ بۇ كۈلكە چاقچاقلارغا ئارىلىشىپ قالاتتۇق . مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندىم مانا شۇنداق ئاددىي ، ساددا ، كەمتەر ، بىجاندىل خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك ، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر ، مىللەتپەرۋەر ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزمچى ئىدى .

ئەشۇ قايىنام ـ تاشقىنلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر ئىش بولغان .

-مەن رىزۋانگۈل ھەققىدىكى « شەپقەت ھەمشىرىسى «دېگەن ئوچېرىكىمنى يېزىپ ئاخىرلاشتۇرغان ئىدىم . « شىددەتلىك جەڭلەردە ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل مانا شۇنداق مەرتلەرچە قۇربان بولدى !.... دېگەن سۆزنى يېڭىلا قەغەزگە كۆچۈرۈپ ئەسەرنى تاماملىدىم « دەپ ھېسابلىغاندىم - دەيدۇ پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ، - بىر سى كېلىپ دولامدىن يېنىكلا باستى . قارىسام ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەن . ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

- ياخشى مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىش كېرەك . سىز كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى . بۇ ئىنقىلابقا سىزمۇ قاتناشتىڭىز .... ئىنقىلابتا قۇربان بولغانلار يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلىرىمۇ ؟! .... باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدىنمۇ قۇربان بولغانلار ئاز ئەمەس . بۇنىمۇ كۆرۈش كېرەك دېدى .

مەن ھۇپپىدە قىزاردىم ، خىجالەت بولدۇم ، دەرھاللا بايىقى جۈملىنىڭ ئاخىرىغا :« شۇ كۈنكى قانلىق جەڭلەردە تۇڭگان قىزى رازىيەمۇ شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولدى «دېگەن قۇرنى قوشۇپ يېزىپ قويدۇم . ئەخمەت ئەپەندىم:

- مانا ئەمدى ياخشى بولدى ، تالانتلىق يازغۇچى ھەمىشە مەسىلىگە ئەتراپلىق قارايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك ، - دېدى . ئاندىن ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ،- ئەمدى بۇ ئەسەرنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلساق بولىدۇ ، - دەپ چىقىپ كەتتى ...

مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بىللە بىز ئىككى سائەت ئەمگەك قىلىپ ، ئۆزىمىزگە تاپشۇرۇلغان كۆچەت تىكىش ، ئېرىق ئېلىش ۋەزىپىمىزنى تۈگەتتۇق . تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىشلىدۇق .

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى ، ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ھەممىمىز دۆگىلەك چەمبەر شەكلىدە سەپ ھاسىل قىلىپ ئورۇن ئالدۇق . ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىندى ، ھەركىم ئۆزى ئېلىپ چىققان ئاز-تولا يېمەكلىكلەرنى داستىخانغا قويدى . ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئېغىز تېگىپ ئازراق ئارام ئالدۇق .ئاندىن ئەخمەت ئەپەندىم بىر قىسىم كىشىلەرنى شۇ مەيداندىكى چالا قالغان ئىشلارنى پۈتتۈرۈشكە ئاجراتتى . بىر بۆلۈم كىشىلەرنى باشلاپ ، تېخى ئىشنى پۈتتۈرەلمەيۋاتقان ئورۇنلارغا ياردەم قىلىشقا باردى .

شۇ قېتىمقى ئەمگەكتىن كېيىن ، مەن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئادەتتىكى ئىش كىيىملىرى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ، دۇكانلاردا ، ئاشلىق ، چارۋا مال بازارلىرىدا ، ئىدارە جەمئىيەتلەردە ئارىلاپ يۈرۈپ كىشىلەر بىلەن ئەھۋاللىشىۋاتقانلىقىنى ، پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ، بەزى ئىشلارنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ھەل قىلغانلىقىنى خېلى كۆپ ئۇچراتتىم . ئەمما شەخسەن ئۇچرىشىپ بىۋاستە سۆزلىشىش نېسىپ بولمىدى .

شۇ كۈندىكى ئۈچرىششىنىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ئۈچرىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي !

كونىلار :« ئونى كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار »دېيىشىدىغان. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى ئەينى شۇنداق بولدى . ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى ، گېنېرال لېيتېنات ئىسھاقبەك ، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ، گېنېرال مايور دەلىلقان ، لوجى ، غەنى كېرىموپ ، ئابدۇرېشت ئىمنوپ ، ئوسمانجان ناسىرلار تەكلىپكە بىنائەن ، بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك سىياسي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشش ئۈچۈن يولغا چىقتى . بۇ كىشىلەرنى تولىمۇ خوشال قىلىدىغان ئىش ئىدى . لېكىن بۇ خوشاللىق 27 ـ ئاۋغۇستتا يۈز بەرگەن ئايرۇپىلان ھادىسىسى سەۋەبىدىن چوڭ قايغۇلۇق مۇسىبەتكە ئايلاندى بىر كۈنى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تاغىسى ناسىر ئاكا ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى .

ـ ئۇكام ! سىز ھازىر ئىلىدا چىقىۋاتقان گېزىت ، ژۇرناللارغا ئانچە ـ مۇنچە ماقالە ، شېئىرلارنى يېزىپ يۈرىسىز . مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى توغرىسىدا بەزىبىر مەلۇماتلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن بۇنى باشقا كىشىلەرگە دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئىشلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن چاغلاردا ، مەرھۇم بىزنىڭ ئۆيدە تۇراتتى . بۇ چاغ ئىلى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسى ئىدى . كېيىن ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى . ئەپەندىمنىڭ ۋاقتى تازا ئالدىراش بولۇپ كەتتى . شۇ كۈنلەردە بىز ئەپەندىمنى ئۆيلەپ قويغان بولساقمۇ ، كۆپرەك ۋاقتى خىزمەت ، ئىنقىلاب ئىشلىرى بىلەن ئۆتەتتى . ئۆيدە ئانچە كۆپ تۇرمايتتى . كېيىنچە تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى . بۈگۈن نېمىشقىدۇر ، مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندى شۇ چاغلاردا ماڭا ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ئىشلىرى ئىسىمغا كېلىپ ، ئۆيان ـ بۇيان ئويلاپ ، ئاخىرى سىزنىڭ قېشىڭىزغا كىردىم . سىزگە سۆزلەپ بېرەي ، يېزىپ قويۇڭ . سىز ياش ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە لازىم بولۇپ قالار ، ـ دېدى .

ـ خوپ !ـ دەپ تەييارلاندىم .

ـ يېزىڭ ئۇكام ! بىزنىڭ ئەخمەتجان مەخمۇت ئوغلى 1913 ـ يىلى تۇغۇلغان . ئۇ كىچىك چېغىدىلا توغرا سۆزلۈك ، ھەرقانداق ئىشقا قىزىقىدىغان زېرەك بالا ئىدى . يەتتە يېشىدا ، يەنى 1920 ـ يىلى دادىسىدىن يېتىم قالدى . شۇ يىلى بىر بۆلۈم كۆچمەن ئىشلەمچى ئۇيغۇرلار ۋە تۇغقانلارغا قوشۇلۇپ ، سۇيدۇڭدىن قورغاس ئارقىلىق ئالمۇتىغا چىقىپ كەتتى .

مەرھۇمنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا دەپ بېرىشىچە ، ئالمۇتىغا چىققاندىن كېيىن ، 1920 ـ يىللىرى ئالمۇتىنىڭ تۇڭگان كوچىسىدا ئېچىلغان « ئىنتېرنات » ( دارىلئېتام ) مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

دۆلەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇغان . باشلانغۇچ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ يەردە پۈتكۈزگەن . تاشكەنتتە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن . بۇ يەردە يەنە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىمۇ ئوقۇپ ، مەكتەپ ۋە كۇرسلارنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەن . شۇ يىلى ئەينى چاغدىكى « تاتارىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى« نىڭ مەركىزى قازان شەھرىدە ئېچىلغان « لېنىن » نامىدىكى « كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرستېت » قا تاللىنىپ بېرىپ ئوقۇغان . بۇ مەكتەپنىمۇ ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ ، مەدەنىي - مائارىپ ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، دىپلوماتىيە ، كەسپى ۋە ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت ئىشلەپ كەلگەن .

-1940يىلنىڭ ھارپىسىدا ئۆزىنىڭ تەلىپى بىلەن نامانگەنگە بېرىپ ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇتقۇچى بولغان . شۇ مەزگىلدە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قاسىماخۇن دېگەن ئۇيغۇرنىڭ لەيلىخان دېگەن قىزى بىلەن تونۇشۇپ ، شۇ ئائىلىگە « بالا » بولۇپ كىرىش شەرتى بىلەن ئۆيلەنگەن . دادىسى مەخمۇتنىڭ ئىسمى ئورنىغا قاسىم دېگەن ئىسمنى قوللىنىشنى رەسمىيلەشتۈرۈلگەن . بۇ ھەقتە ئۆز ۋاقتىدا بىزگە خەت يېزىپ ، بىزنىڭ رازىلىقىمىزنى ئالغان .

-1940يىلنىڭ باشلىرىدا بىزگە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن يۇرتىنى ، ئۆزى بىلىدىغان ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ۋە مېنى كۆرگۈسى كەلگەنلىكى ، مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كەلسە ، ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولۇش - بولماسلىقنى سوراپ خەت يازغاندى . مەن دەسلەپتە ئۇ خەتلەرگە ئوچۇق جاۋاپ بەرمىدىم . چۈنكى ، ئۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ، شۇ جۈملىدىن ئىلىنىڭ سياسىي ھاۋاسى تولىمۇ يامان ، بەكمۇ ئەنسىز ئىدى . شېڭ شىسەيىنىڭ ئىلى تەۋەسىدىكى قول - چوماقچىلىرى كۈندە دېگۈدەك قاتىللىق ۋە ئاق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە تۈردە كەڭ يۈرگۈزۈلىۋاتاتتى . ھەر كېچىسى ھەر مىللەت ھەر ساھە كىشىلىرىدىن ئونلاپ ، يۈزلەپ بىگۇناھ تۇتقۇن قىلىنىۋاتاتتى . لېكىن مەرھۇم ئۆز يۇرتىنى سېغىنغانلىقى - ۋەتەنپەرۋەرلىكى ، بۇ يەردىكى ئۇرۇق - تۇغقان ، قېرىنداشلىرىنى كۆرگۈسى كەلگەنلىكى ، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان قېرىنداشلىق رىشتىمىز سەۋەبىدىن ، بىز تۇغقانلار ئۆز ئارا مەسلىھەت قىلىپ : « ئىلىغا كەلسەڭ كەل ، بىزمۇ سېنى سېغىندۇق ، ھەممىمىزنىڭ كۆرگۈسى كەلدى . بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلارسەن ياكى ئۆزەڭ خالىغان بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلارسەن . بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز . سېنى بىرەر كەسىپنىڭ ئەھلى قىلىپ قويۇشقا قۇربىمىز يېتىدۇ ...... » دەپ جاۋاپ خەت يازدۇق.

ئىلىنىڭ سياسىي ھاۋاسى توغرىلىق خەتكە بىر نەرسە يېزىشتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتۇق ، شۇڭا بۇ خەتكىمۇ بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە يازمىدۇق . مۇبادا خەت تەكشۈرۈلۈپ قولغا چۈشۈپ قالساق ،

بېشىمىزنىڭ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى .

شۇ قېتىمقى خەت كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋاپ كەلدى . ئۇ خەتتە ئۆزىنىڭ بۇ پىكرگە قوشۇلغانلىقىنى ، لېكىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ئاياپ ، ئىلى چېگرىسىدىن ئۆتمەيدىغانلىقىنى يازغان . قايسى چېگرىدىن ئۆتۈش مەسلىسىنى پەقەت يوشۇرۇن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بىزگە خەۋەر قىلىپ خەت يازىدىغانلىقىنىلا ئىزهار قىلغان . شۇندىن كېيىن يەنە بىر نەچچە پارچە خەت ۋە سۇرەتلەر كەلدى . لېكىن بۇ ھەقتە ھېچقانداق گەپ يوق ئىدى . بۇ ئىش گويا ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى .

ـ1942يىلىنىڭ ئاخىرلىرى بىر پارچە خېتى كەلدى ، خەتتە تىنچلىق ئامانلىق سورىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى ئىزهار قىلغان . خېتىنىڭ ئاخىرىدا : « مەن تارباغاتاي تاغلىرىنى بويلاپ سەپەرگە چىقتىم . بۇندىن كېيىنكى ئادرېسىمنى شۇ يەردىن ئەۋەتىمەن ....... »دېگەن گەپ بار ئىدى .

تارباغاتاي بىر تاغنىڭ ئىسمى ، شۇنداقلا چۆچەك شەھرىنىڭمۇ نامى ئىدى . بۇ يەر ئىلىغا قارىغاندا كىچىك بولسىمۇ ، شۇ چاغدا زىيالىيلار توپلانغان جاي ئىدى . بىز مەرھۇمنىڭ : « مەن سىزلەرنى ئاياپ ئىلى چېگرىسىدىن ئۆتمەيمەن دېگەن سۆزىنى ئەسلىدۇق . لېكىن ئۇنىڭ « يۇرتقا قاراپ دېمەي ، « تارباغاتاي تاغلىرىنى بويلاپ ....... »دېگەن سۆزى ئىككىلەندۇرۇپ قويدى . ئۇ قەيەردىلا ئۆتسە يوشۇرۇن ، غەيرى قانۇنىي رەۋىشتە ئۆتەتتى ، ئاشكارە ۋە قانۇنلۇق ئۆتەلمەيتتى . ئاخىرى بىز ئاشۇ تەرەپتىن بىرەر شەپە ياكى ئادرېس يېزىلغان خەت كۈتۈش قارارىغا كەلدۇق .

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن بوشاپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەنلەردىن بىر ـ ئىككى كىشى مەرھۇمنىڭ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە گۇناھكارلار ئارىسىدا ئەمگەك قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ۋە يازغان خېتىنى ئېلىپ كەلدى . ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتۇق . ئەخمەت ئەپەندىم چۆچەككە كېلىپ 3ـكۈنى بىر ساتقۇنىنىڭ مەلۇماتى بويىچە « گۇمانلىق ئۇنسۇر » دەپ قولغا ئېلىنغان ۋ ئۈرۈمچى تۈرمىسگە يۆتكەلگەنىكەن . ئېھتىيات يۈزىسىدىن ، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئوچۇق ئاشكارا خەت يازمىدۇق .

1944ـيىلىنىڭ باهار ئايلىرى ئىدى . غۇلجىدا ۋەزىيەت ناهايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى .

شۇ چاغدا داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ، تەجرىبىلىك جاسۇس ، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ بىندى گومىنداڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ۋە ئۆلكىلىك پەۋقۇلئاددە هوقۇقلۇق ۋەكىلى نامى بىلەن ئەسلى يۇرتى غۇلجىغا كەلگەندى .

ئۇ غۇلجىغا كېلىپلا يۇرت كاتتىلىرى ۋە مۆتىۋەرلەرنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ، چوڭ تەييارلىق بىلەن ئىككى نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويىنى ئۆتكۈزدى . ئۇ چاغدا باللارنى سۈننەت قىلىشتا ، غۇلجا شەھرىدە مېنىڭ داڭقىم چىققاندى . لىيۇ بىندى بۇ تويغا غۇلجا شەھرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە

مۆتىۋەرلىرىنى چاقىردى . مەن ئۇنىڭ ئىككى نەۋرىسىنىڭ ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگىتىپ سورۇنغا كىردىم . تاماقتىن كېيىن لىۇ بىندى سورۇندىكى جامائەت ۋە يۇرت كاتتىلىرى ئالدىدا سېخىيلىقىنى كۆرسىتىپ ، ماڭا 30 سەر كۆمۈش تەڭگە ، بىر تاختا قاراچاي ، بىر كىيىملىك مووۇت قويدى . ئۇ چاغلاردا قاراچاي ، مووۇت رەختلىرى غۇلجا بازىرىدا يوق ئىدى . دېمەك ، بۇ مەن ئۈچۈن يۇقىرى مۇكاپات ئىدى . مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، لىۇ بىندىنىڭ قولىغا مەھكەم يېپىشتىم .

- جانابلىرى ! مەن بۇ نەرسىلەرنى ئالمىسام ، مېنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ھاجىتىم بار ئىدى . بۇ ئىككى ئوغۇل ئورنىدىن تۇرغىچە مەن كۆندە كېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسام ،-دېدىم .

لىۇ بىندى يەرلىك خۇيزۇ بولغاچقا ئۇيغۇرچىنى سۇدەك بىلەتتى . ئىلى ئۇيغۇر تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى . ئۇ ماڭا لەپپىدە تىكىلىپ تۇرۇپ قاراپ :

- ناسىراخۇن ! بۇ نەرسىلەر ئاز بولۇپ قالمىغاندۇ ؟! - دەپ سورىدى .

- يوقسۇ ، جانابلىرى !... سىلىنىڭ ماڭا بەرگەنلىرى مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مۇكاپات ، بۇ ئىلتىپاتلىرىغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت . مېنىڭ سىلىگە چۈشكەن ھاجىتىنىمۇ جانابلىرىدىن باشقا كىشى ھەل قىلالمايدۇ . شۇڭا ئۆزلىرىگە يېلىنىۋاتىمەن ، - دەپ ئېگىلدىم .

بۇ تازا ئوبدان پۇرسەت ئىدى . بۇ سورۇندا لىۇ بىندى ئۆزىگە جەلب قىلماقچى بولغان يۇرت كاتتىلىرىنىڭ بىر قىسمى بار ئىدى .

- نېمە ھاجىتىڭىز بار ئىدى ؟ - دەپ ماڭا قارىدى . مەن قوينۇمدىن ئەخمەت ئەپەندىم تۈغۈلغان ئانا يۇرتىنى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سېغىنغان ۋە كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى ، يۇرتقا قايتىپ كېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىزھار قىلىپ يازغان دەسلەپكى ئاددىي بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ لىۇ بىندىگە سۇنۇپ تۇرۇپ :

-مەن مۇشۇ خەتنى يازغان كىشىنىڭ ئاتىسى ئورنىدا قالغان كىچىك دادىسىمەن . ئۇ بىزدىن يەتتە يېشىدا ئايرىلغان . ھازىر چوڭ بولۇپ ، ئەس - ھوشىنى تېپىپ ، بىزنى ئەسلەپ بۇ خەتنى يازغان . بىز تۇغقانلار مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭغا : « بىزمۇ سېنى سېغىندۇق كەلسەڭ - كەل » دەپ خەت يازغان ئىدۇق . بىزنىڭ خېتىمىزگە ئىشىنىپ چۆچەك چېگرىسىدىن بۇ تەرەپكە ئۆتكەنىكەن . بىراق « سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن گۇمانلىق كىشى دەپ تۇتۇلۇپ ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قاملىپتۇ . ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ ، شۇ تۇغقىنىمىزنى ئازاد قىلىۋەتسىلىكەن ! ئۇرۇق - تۇغقانلار دىدارلىشىپ ئالساق ، سىلىنىڭ ھەقلىرىگە دۇئا قىلساق ، - دېدىم.

لىۇ بىندى خەتنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ چىقىپ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى . شۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلۇپ :

ـ تۇغقىنىڭنىڭ ئىسمى نېمە ـ ؟ دەپ مەندىن سورىدى .

مەن دەرھاللا :

ـ ئىسمى ئەخمەت ، دادىسىنىڭ ئىسمى قاسىمى ، ـ دەپ جاۋاپ بەردىم . چۈنكى خەتتە شۇنداق يېزىلغانىدى . ليۇ بىندى قويۇن دەپتىرىنى چىقىرىپ مەن ئېيتىپ بەرگەن ئىسىملارنى يېزىۋالدى . كېيىن ئۇ مەغرۇر قىياپەتتە كۆپچىلىككە يەنە بىر قاراپ چىقىپ ، ئاخىرىدا :

ـبوپتۇ ، باللارغا ياخشى قارا ! 10ـ15 كۈن كۈت . كەلمىسە مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ بېشىمنى ئاغرىتما !ـ دېدى .

بىز ساناپ يۈرۈپ ئون كۈننى ئاران توشقۇزدۇق . يۈرىكىمىز تاقىلداپ تەقەززا بولۇپ تۇراتتۇق . 11ـ ياكى 12ـ كۈنلىرى بولسا كېرەك . ئېھتىمالىم ، كەچقۇرۇن ناماز ئەسرى مەزگىلىدە ، ئۇچىسىغا كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن ئەمما پاكىزە كاستۇم ـ شىم ، بېشىغا كونىراق گۈللۈك مانچېستىر ئىلى دوپپىسى ، ئايىغىغا مايلانغان شىبلىت كىيگەن ، گالىستۇك تاقىغان ھالدا ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈمسىرەپ ھويلىمىزغا كىرىپ كەلدى . كېيىنكى يىللاردا بىز بىرقانچە قېتىم سۈرەت ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ تۇرغاچقا ، كىرىشى بىلەنلا بىر ـ بىرىمىزنى تونۇپ ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتۇق . كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىشتۇق .. ، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقانلار بىلەن ئۆزىمىزنى بەزلەشتۇق .....

بىز ئۇزاققىچە ئەھۋاللاشتۇق . خۇشاللىقتىن بولسا كېرەك ، شۇ كۈنى گېلىمىزدىن تۇزلۇك غىزا ئۆتمىدى . ئۇزاق پاراڭلىشىپ ، قاچانلاردىكى يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇق

. ئەخمەتجان مەرھۇم ئۆيدە بىر ھەپتىچە دەم ئېلىپ ، غۇلجا شەھرىنىڭ ئۈي كوچا ، دۆڭ كوچا ، چوڭ بازار كالتە بازارلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆردى .

شۇ مەزگىللەردە غۇلجا بازارلىرىدا زاۋۇت رەختى يوق ئىدى . ئۇ مۇزارت داۋان ئارقىلىق ئالتە شەھەردىن ماتا ، چەكمەن ئېلىپ چىققان سودىگەرلەر بىلەن كېلىشىپ ، ماتا ، چەكمەن ئېلىپ ساتتى . لېكىن بۇ سودىدا ئۇ زىيان تارتتى . مەرھۇم ئاخىرى ئەينەكچىلىك قىلماقچى بولدى . بۇ كەسىپنىڭ بازىرى ، ماتېرىيالى ۋە خېرىدارى بار ئىدى . كامسيۇن ( ۋاكالەتەن سېتىش دۇكىنى ) دىن ئالماس ، ئەينەك ۋە جازا ئالدۇق . جازىغا ئەينەكنى قاچىلاپ مۇرىسىگە ئارتىپ كوچا ئارىلاپ ماڭىدىغان بولدى . ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھەرقايسىمىز ھەر تەرەپكە چىقىپ كېتەتتۇق . ئاخشىمى براقلا كۆرۈشەتتۇق . ئىنقىلابىغىچە شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى ، باشقىلارنىڭ كېيىن دەپ بېرىشىچە ، مەرھۇم ئەينەكچىلىككە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ ، ئىنقىلابنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش يولىدا ھەركەت

ئېلىپ بارغانىكەن .

1944-يىلى 12-نويابىر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن ، شۇ ئىنقىلابتا ئاتنىقى چىققان بىر ئەربابنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە ، بىر ئاغىنىسىنىڭ سۆزىنەت تويىدىكى ئولتۇرۇشتىن پايدىلىنىپ ، مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوپلار شۇ ئەربابنى بىر خاس ئۆيدە يوشۇرۇن ئىنقىلابى ھەركەت ئېلىپ بېرىشقا تارتقانىكەن .

شۇ تەشۋىشلىك كۈنلەردە ، ئۇرۇق - تۇغقانلار جەم بولۇپ ، مەسلىھەتلىشىپ ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ماھنۇر ئىككىسىنى چېتىپ قويىدۇق .

ئىنقىلاب بولدى . ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى . غۇلجا شەھىرىدىكى بىر قانچە مۇھىم ئورۇنغا جايلىشىۋالغان گومىنداڭ قىسىملىرىغا قارشى جىددىي ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى . ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ قورۇسىدا چوڭ ئاممىۋى ئاشخانا تەشكىل قىلىنىپ ، جەڭگە قاتنىشىۋاتقان ئەسكەرلەرنى تاماق بىلەن تەمىن قىلاتتى .

ئەخمەتجان قاسىمى « جەڭچىلەرنى ۋاقتىدا ، ئىسسىق تاماق بىلەن غىزالاندۇرۇش - بۇمۇ بىر ئىنقىلاب ، ئىنقىلابى ئىشنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق » دېپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاممىۋى ئاشخانىغا كېلىپ سۇ توشۇپ ، ئاشخانا ئىشىغا قاراشتى .

شۇ كۈنلەردە ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى ، ئۆزبېك ۋەكىلى . تاشكەنتلىك ئۆزبېك يازغۇچىسى ، شائىر خەمىت سەئىدى ( ئۆزبېكلەر بۇ كىشىنى خەمىت داموللام دەپمۇ ئاتايدۇ ، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ شۆيۈەندە ئەدەبىيات نەزىرىيىسى دەرسىنى بەرگەن ، كېيىن خىزمەتتىن چېكىنگەن ، ئەسەرلىرى بار ) بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا قازان بېشىدا ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ . خەمىت سەئىدى خېلى بۇرۇنلا ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان كىشى . ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن تاشكەنتتە تۇرغان چېغىدا تونۇشاتتىكەن . بۇ كىشى . بۇ كىشى ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن :

- ئەپەندىم بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ . تالانتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرىدىغان يەر بۇ ئەمەس . مەن بىلەن بىللە يۈرۈڭ !- دەپ خادىك ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گېزىتخانىسىغا ئېلىپ كەپتۇ .

شۇ كۈنلەردە ، بۇ گېزىتخانىغا باشلىق بولۇپ تۇرغان كىشى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھۆكۈمەت ھېسابىدا شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن يەرلىك زىيالىي تۇرسۇن ئىسرائىل ئىكەن ، شۇنداق قىلىپ ئەخمەت ئەپەندىم گېزىتخانىدا ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ .

بۇ كۈنلەردە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ خاراكتېرى


ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

، تەشكىلىي ئىسخېمىسى ، خىزمەت پىروگىراممىسى ، ھۆكۈمەت نامىدىن خەلققە ۋە باشقىلارغا چىقىرىلىدىغان خىتابنامە ، چاقىرىق ، باياناتلار ۋە مۇراجىئەت لايىھىلىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا ھۆكۈمەت ئەزالىرى مەجلىسىدە جىددىي تالاش - تارتىش ۋە مۇزاكىرىلەر بولۇۋاتقان ، ئەممە بۇ ھەقتە ھېچكىممۇ بىرەر ئىجابىي تەكلىپ ، لايىھە ياكى تولۇقراق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويالماي تۇرغان مەزگىللەر ئىكەن . مەجلىسكە قاتناشقان ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئاخىرى مەسلىھەتلىشىپ ، بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت ئەزاسى خەمىت سەئىدگە تاپشۇرۇپتۇ . خەمىت سەئىدى شۇ يەردىلا :

- مېنىڭ بۇنداق ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق . قولۇمدىن كەلمەيدۇ . بۇنداق ئىشلاردىن تولۇق خەۋىرى بار ۋە قابىلىيەتلىك بىر كىشى بار ، ئۆزى ئۇيغۇر ، بىراق ھۆكۈمەت ئەزاسى ئەمەس . ھازىر گېزىتخانىدا ئىشلەيدۇ . بۇ ئىشقا شۇ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ تاپشۇرايلى . ئۇ كىشى بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم ، شەكسىز چىقىدۇ ! - دەپ تونۇشتۇرىدۇ .

- كىم ئۇ ؟ - دېيىشىدۇ ھۆكۈمەت ئەزالىرى

- ئەخمەتجان ئەپەندىم ، مېنىڭ ۋە بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بىلىمى ، قابىلىيىتى ، تەجرىبىسى ئۇ كىشىنىڭكىدەك مول ۋە ئەتراپلىق ئەمەس ،- دەپ تونۇشتۇرىدۇ .

- قايسى ئەخمەت ئەپەندىم ؟

- ھە ! ھېلىقى ھۆكۈمەت ئاشخانىسىدا سۇ توشۇپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە .

- نەق ئۆزى شۇ !

- ۋاي ، ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن شۇنچە چوڭ ئىشلار كېلەمدىكىنا ؟

- ئۇ كىشى خېلى بۇرۇنلا مېنى يوشۇرۇن كۈرەشكە تارتقانلارنىڭ بىرسى .

- ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار دەڭلا .

- ئەمسە ، نېمە ئۈچۈن ئۇ كىشى ........

مانا مۇشۇنداق ئۇزاق تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن شۇ يەردە ئولتۇرغان ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن بىرسى سۆزگە ئارىلىشىپ :

خەمىت سەئىدى توغرا ئېيتىدۇ . دەرۋەقە ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن خېلى چوڭ ئىشلار كېلىدۇ . قابىلىيەتلىك ، چوڭقۇر پىكىرلىك ناتىق ئادەم ، مېنىمۇ بۇ كۈرەشكە جەلپ قىلغان ئادەمنىڭ بىرسى شۇ كىشى ئىدى ، - دېدى .

- ھە ، شۇنداقتىمۇ ؟! ئەمسە بىز ئۇ كىشىنىڭ بۇنداق ئىش - پائالىيەتلىرىنى نىمىشقا بىلمەيمىز ؟

- توغرا ، ھەر ئىشنىڭ ئۆز دائىرىسى بار ، مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزنى تەجرىبىلىك ، قابىلىيەتلىك ، يوشۇرۇن پائالىيەتلەرگە قاتناشقان دەپ ھېسابلايمىز ، ھەقىقەتەن



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

جاپالىق كۈنلەردە مۇشكۈل ئىنقىلابىي ئىشلارنى قىلدۇق ، لېكىن كىمنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى تولۇق بىلمەيمىز . بۇنى ئۆز ۋاقتىدىكى ۋەزىيەت بەلگىلىگەن . بۇرۇن بىلمىگەن بولساق ، ئەمدى بىلىمىز . مەنمۇ خەمىت سەئىدىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن . ئەخمەت ئەپەندىمنى مەجلىزىمىزگە تەكلىپ قىلايلى . دۈچ كېلىۋاتقان مەسىلەرنى ئۇ كىشىگە ئوچۇق ئېيتايلى . ئۇ كىشىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ كۆرەيلى ،ـ دېدى .

ئاخىرى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى شۇ پىكرىگە قوشۇلۇپ قارار قوبۇل قىلىشقان . مەجلىسنى باشقۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى خەمىت سەئىدىنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ گېزىتخانىغا بېرىپ ، ئەخمەت ئەپەندىمنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن . ئەخمەت ئەپەندىم خەمىت سەئىدى بىلەن كېلىپ ھۆكۈمەت ئەزالىرى مەجلىسىدە ئەھۋال بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ، بۇ ئىشنى ئۈستىگە ئېلىشقا ماقۇل بولۇپ مۆھلەت سورىغان .

مەجلىس رەئىسى :

ـ 15 كۈن يېتەرمۇ ؟!.... دەپ سورىغاندا ، ئەخمەت ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن :

ـ بىر ھەپتە يېتەرلىك ،ـ دەپ جاۋاپ بەرگەن .

بىر ھەپتىدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ مەخسۇس يىغىنىدا ئەخمەت ئەپەندىم خىتابنامە ، پىروگىرامما ، مۇراجىئەتنامە ، بايانات ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى خاراكتېرى ، تەشكىلىي ئىسخمىسى قاتارلىقلار ھەققىدە يېزىپ كەلگەن پۈتۈن يۇرۇشلۇك دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئىزاھلاپ ، شەرھلەپ ئىككى سائەتتەك سۆزلىگەن . مەجلىس ئەھلى بۇ دوكلات چۈشەندۈرۈشلەرگە قوشۇمچە قىلغۇدەك ياكى تۈزەتكىدەك ، تولۇقلىغىدەك باشقا پىكىر بەرمىگەن . قارشى پىكىرمۇ بولمىغان . نەتىجىدە ، شۇ مەجلىسنىڭ ئۆزىدىلا بۇ لايىھىلەر ھەققىدە قارار ماقۇللانغان . ئەخمەت ئەپەندىمگە پوكپولكوۋنىكلىق ئۇنۋان بېرىپ ، ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلغان . مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى ھەققىدە ماڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرى ۋە مېنىڭ ئىسمىدە قالغانلىرى مۇشۇلار .

ئەخمەتجان ئەپەندىم بېيجىڭغا مېڭىشتىن سەل ئىلگىرى بىر كۈنى مېنىڭ قېشىمغا كەلدى .

ـتاغا ! بالىڭىز ئوسمانجان ئېغىر ـ بېسىق ، زېرەك ، ئوبدان بالا بوپتۇ . قالغان بىلىمنى ئۇنىڭغا مەن بېرەي . مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ ئوقۇسۇن ، ئۆگەنسۇن . يېزىۋاتقان نەرسىلىرىم بار ئىدى يېتىشەلمەي قالدىم . ياردەملىشىپ يېزىپ بەرسۇن ،ـ دېدى . ئۇ چاغدا بالام ئوسمانجان « ئىلى مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى » دا ئاخىرقى يىللىق ئوقۇشنى ئوقۇۋاتاتتى.

ـ مېنىڭ بالام ـ سىزنىڭ بالىڭىز ، خىزمىتىڭىزگە يارىسا مەيلى دېدىم .



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ـــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ ئەھۋاللىشىپ قايتىپ كەتتى .

مەرھۇم ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ نۇرغۇن پائالىيەتلىرى سەپداشلىرى ، خىزمەتداشلىرى ۋە دوست ـ يولداشلىرى بىلەن بىللە ئۆتكەن ، ئۇلار ۋە خەلق ئاممىسى مەرھۇمنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ياخشى بىلىدۇ . مەرھۇمنىڭ نۇرغۇن ئىش ـ پائالىيەتلىرى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان . خەلق بۇ ئىشلارنى ئاسان ئۇنتۇپ قالمايدۇ . قەدىرلەپ ئەسلەيدۇ ....... ، ـ دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ سۆزىنى تۈگەتتى .

++++ ++ +++

مەن ناسىر ئاكىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە قەغەز بېتىگە قوندۇردۇم ، ئاققا كۆچۈرگەندىن كېيىن ئۆزىگە قايتا ئوقۇپ بەردىم . ناسىر ئاكا پېشىدىن ئېسىگە كەلگەن ئەسلىمىسى بىلەن بەزەن يەرلىرىنى تولۇقلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ نۇسخا كۆچۈرۈپ ، بىر نۇسخىنى « ئىتتىپاق » مەركىزىي كومىتېتىغا ئەۋەتتىم . بىر نۇسخىنى ناسىر ئاكا ئالدى . ئۈچىنچى نۇسخىسى كوپىيىسى بىلەن قوشۇپ ئۆزەم ئېلىپ قالدىم . بۇ كوپىيە بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بىر سۈرىتى بىلەن قوشۇپ ، ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆرگەن كۆزدە كۆرۈپ ساقلاپ كەلگەندىم . ئاتالمىش « مەدەنىيەت ئىنقىلابى «دېگەن زوراۋانلىق ھەرىكەت يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە» تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ شىنجاڭدىكى ئاتارمەن ـ چاپارمەن ، قول چوماقچىلىرى جاي ـ جايلاردا بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلدى . بۇ ئىش 1968ـ يىلى 27ـ ماي كەچ سائەت ئوندا مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلدى . سۈرەت ، قولىيازمىلىرىم ھەممىسنى ئۆيۈمدىن بۇلاپ ئېلىپ كەتتى . بۇ ئەسلىمە شۇ قول يازمىنى يېزىش جەريانىدا خاتىرەمدە قالغان ۋە مەزكۇر قول يازمىنى بىر قانچە قېتىم ئوقۇش نەتىجىسىدە ئۆزلىشىپ يادىمدا قالغانلىرىغا ئاساسەن يېزىلدى.

1984ـ يىل 20ـ ئاپرېل . ئۈرۈمچى

مەنبە : ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى ( 4ـ سان ، 1990 ـ يىلى ئۆكتەبىر )

## تۈگىدى

**بايانات : ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكىتاپنىڭ ئەسلى ماتېرىياللىنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى تورىدىكى ئەسلى ئاپتورغا مەنسۇپ ! بۇ ئېلكىتاپلار پەقەت ئىشتىن سىرتقى قىزىقىقۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن سىرت سودا ئىشلىرى ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر باشقا ساھەلەردە قانۇنسىز ئىشلىتىپ بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل !!!**

**ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!**

**ئەگەر ئاپتۇرلۇق ھوقۇقىمىغا دەخلى يەتتى دېگۈچىلەر بولسا بىۋاستە ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ . ئېلكىتاپلار توردا تەمىنلەشتىن توختىتىلىدۇ !!!!!**
**ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ئېلكىتاپلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق پىكىر-تەكلىپلىرىڭىز بولسا ، ئۇيغۇر ئوغلى ---- ھەۋەسكار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .**

**2008 -يىلى 01-ئاينىڭ 29-كۈنى**

**شەندۇڭ---جىنەن**



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com